# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
11
جۈمە
维吾尔文 12 月11日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网：www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25272 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## دەل يەلكەن چىقىرىپ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن مەزگىل

### ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

«13 ـ بەش يىل» ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئەڭ ئاخىرقى كۈچەيدىغان بەش يىل، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغان بەش يىل. «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار ۋە چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك

### لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

#### تەبرىك خەت

دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى باشلانغان پەيتتە، مەن مۇسابىقىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەرقايسى ماھىرلار ۋە كەڭ ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارغا سەممىي سالام يوللايمەن!

تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنى جۇڭگو ياسىمىچىلىقى، جۇڭگو ئىجادىيىتىگە تىرەك بولىدىغان مۇھىم كۈچ. كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى كەڭ ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ماھارەت ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان سۇپا بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ، تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنىنى زورايتىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئاكتىپ رولغا ئىگە. مۇسابىقىگە قاتناشقان كەڭ ماھىرلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىلەر، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش، ماھارەت ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار ۋە چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

مۇسابىقىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

**شى جىنپىڭ**

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭجوۋ شەھىرىدە باشلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، مۇسابىقىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار ۋە كەڭ ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارغا سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنى جۇڭگو ياسىمىچىلىقى، جۇڭگو ئىجادىيىتىگە تىرەك بولىدىغان مۇھىم كۈچ. كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى كەڭ ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ماھارەت ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان سۇپا بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ، تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنىنى زورايتىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئاكتىپ رولغا ئىگە. مۇسابىقىگە قاتناشقان كەڭ ماھىرلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىلەر، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش، ماھارەت ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار ۋە چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش جۇڭگو ياسىمىچىلىقى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئاساس. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پايدىلىق ياخشى مۇھىتنى پائال يارىتىپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ھەممە يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ياشنى قىزغىنلىق بىلەن ماھارەت ئۆستەدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلىشكە يېتەكلەپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى ساپالىق، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇ چۈنخۇا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يوليورۇقىنى ئوقۇدى ھەم مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى شى قارشى ئېلىش سۆزى قىلدى.

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى 2020 ـ يىلدىن باشلاپ مەملىكەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ. تۇنجى نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە «يېڭى دەۋر، يېڭى ماھارەت، يېڭى ئارزۇ» باش تېما قىلىنىپ، 86 مۇسابىقە تۈرى تەسىس قىلىندى، جەمئىي 2500دىن ئارتۇق ماھىر، 2300دىن ئارتۇق رېپىر مۇسابىقىگە قاتناشتى، بۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۆلچىمى ئەڭ يۇقىرى، تۈرى ئەڭ كۆپ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك دۆلەت كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ھېسابلىنىدۇ.

---

**يېڭى باشلىنىش　يېڭى مۇساپە**

### يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش　ۋاقىت ـ شارائىتقا قاراپ چىقىرىش، دەل ۋاقتىدا بىكار قىلىش

## بۇ يىل ئاپتونوم رايون كۆپلىگەن يەرلىك نىزاملارنى چىقاردى، تۈزىتىش كىرگۈزدى، بىكار قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىشنى تەڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سەككىز يەرلىك نىزامى، نىزام خاراكتېرلىك ئۈچ قارار، بېكىتمە ۋە مۇھىم، زور ئىشلار توغرىسىدىكى قارار، بېكىتمىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمما نىزام چىقىرىشقا قاتنىشىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، چىقىرىلغان ھەربىر نىزامنىڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدىغان «ياخشى نىزام» بولۇشى ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ كىلىمات بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىش، پايدىلىنىش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نىزامى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايوننىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى› قاتارلىق 12 يەرلىك نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ سەككىز يەرلىك نىزامى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسى بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا ئۇيغۇنلاشقان، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى بىلەن جىپسىلاشقان.

يېڭى تەرەققىيات، يېڭى تەلەپكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەنە «ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار» «ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىق بېجىغا كونكرېت تەتبىقلىنىدىغان باج نىسبىتى، ھېسابلاپ ئېلىش ئۇسۇلى ۋە باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى قارار»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى نىزامى»نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

يىل بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن شىنجاڭدا تۇنجى تۈركۈمدە توققۇز ئاساسىي قاتلام نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە تەرتىپلىك قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە تەرتىپلىك قاتنىشىش يولىنى كېڭەيتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

#### شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى

**[ئىستون سۆزى]**

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىز «شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق ياراتقانلىقىنى تولۇق خەۋەر قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى جانلىق ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

---

## ئۇلۇغۋار پىلان كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، نىشان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ

### ـــ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ سىستېمىلىق پىلانلاندى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى ھەم «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان بىلەن 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ئويلىشىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىپ بېرىلدى، بۇ، جەزمەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان بىرىنچى بەش يىل، شۇنداقلا شىنجاڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق بەش يىل، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇھىم پۇرسەتكە دۇچ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسمۇ مەۋجۇت. «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىنى ياخشى تۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى بەش يىلدىكى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ياخشى سىزىش يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور.

ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى چىڭ كۆزلىنىپ، مەسىلە يۆنىلىشى بىلەن نىشان يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇلدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچتى

## «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى ئىلمىي تۈزۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچتى

## خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى ھەم يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى

## كېڭىشىش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)